# ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرايلى، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭەيلى

## — جۇڭگو - ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان ئاساسىي مەقسەت سۆزى

**(2020 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، بېيجىڭ)**

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ**

**ھۆرمەتلىك رامافوسا زۇڭتۇڭ،**
**ھۆرمەتلىك سالى زۇڭتۇڭ،**
**ھۆرمەتلىك ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى،**
**ھۆرمەتلىك ئافرىقا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى فاكى ئەپەندى،**
**ھۆرمەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس ئەپەندى،**
**ھۆرمەتلىك دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دېسەي ئەپەندى،**

پۈتۈن يەر شارى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان مۇھىم پەيتتە، بىز بۇ قېتىمقى جۇڭگو - ئافرىقا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى يېڭى - كونا دوستلار بىلەن سىن ئارقىلىق جەم بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زور پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى ئورتاق ئىزھار قىلىۋاتىمىز. رامافوسا زۇڭتۇڭ، سالى زۇڭتۇڭنىڭ مەن بىلەن بىرلىكتە بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، ھەرقايسى كەسپداشلارنىڭ يىغىنغا قاتناشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. مەن يەنە يىغىنغا قاتناشمىغان ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە سەممىي سالام يوللايمەن!

بۇ قېتىمقى يۇقۇم تۇيۇقسىز تارقىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئېغىر زەربە ئېلىپ كېلىپ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىنى قىممەتلىك ھاياتىدىن مەھرۇم قىلدى. بۇ يەردە، مەن يۇقۇمدا بەختكە قارشى قازا قىلغانلارغا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ھال سوراش تەكلىپى بېرىمەن.

— يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو ۋە ئافرىقا كەسكىن سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى. جۇڭگو خەلقى مىسلىسىز جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق غايەت زور بەدەل تۆلەپ، دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇمنى تىزگىنلىدى، لېكىن يەنىلا قايتا كۆرۈلۈش بېسىمىغا دۇچ كەلدى. ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلدى، ئافرىقا ئىتتىپاقى پۈتۈن كۈچ بىلەن ماسلىشىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك پەسەيتتى، بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلدى.

— يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو ۋە ئافرىقا ئۆزئارا مەدەت بېرىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلدى. جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئەڭ مۈشكۈل پەيتتە، ئافرىقا قىممەتلىك مەدەت بەردى، بىز بۇنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايمىز. ئافرىقىدا يۇقۇم پارتلاش خاراكتېرلىك يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئالدى بىلەن تېزلىكتە ياردەم بېرىپ، ئافرىقا خەلقى بىلەن قەتئىي بىر سەپتە تۇردى.

— يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو - ئافرىقا ئىككى تەرەپ تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتى، دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشىنىش تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. مەن شۇنى قايتا تەكىتلەشنى خالايمەنكى، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - ئافرىقا ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - ئافرىقا ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ.

ھەرقايسى كەسپداشلار!

ھازىر، يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت مۈشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بايلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپ، يۇقۇمنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدۇ، مەن دۇنيا سەھىيە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا جاكارلىغان تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، داۋاملىق تۈردە ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ، ئافرىقا تەرەپنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشىغا ماسلىشىدۇ. جۇڭگو تەرەپ مۇددەتتىن بۇرۇن بۇ يىل ئىچىدە ئىش باشلاپ، ئافرىقا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىي باش ئىشتابىنى قۇرىدۇ، ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى رامكىسى ئىچىدىكى «ساغلاملىق - سەھىيە ھەرىكىتى»نى ياخشى يولغا قويۇپ، جۇڭگو - ئافرىقا دوستلۇق دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو - ئافرىقا نىشانلىق ياردەم بېرىش دوختۇرخانىسى ھەمكارلىقىنى تېزلىتىپ، جۇڭگو - ئافرىقا سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ مۇنداق ۋەدە بېرىدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش تاماملانغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئافرىقا دۆلەتلىرىگە نەپ يەتكۈزۈشنى خالايدۇ.

ئىككىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن زەربىنى يېڭىش ئۈچۈن، بىز «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ ھەم ھەمكارلىق مۇھىم نۇقتىسىنى ساغلاملىق - سەھىيە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ساھەلىرىگە مايىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى رامكىسىدا، ئالاقىدار ئافرىقا دۆلەتلىرى 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرى قەرەلى توشىدىغان جۇڭگوغا تۆلەيدىغان ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ۋە قەرزنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، يۇقۇم پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغان، بېسىم پەۋقۇلئاددە زور بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىدۇ، جۈملىدىن قەرزنى كېچىكتۈرۈش مۇددىتىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى قىيىنچىلىقنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگونىڭ ئالاقىدار پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىغا تەتبىقلاپ، بازار پرىنسىپىغا ئاساسەن ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن سودا ئىگىلىك ھوقۇقى قەرز پۇلنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا دوستانە كېڭىشىشكە ئىلھام بېرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ 20 دۆلەت گۇرۇھى ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ھەم 20 دۆلەت گۇرۇھى نۆۋەتتىكى قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش مۇددىتىنى يەنىمۇ ئۇزارتىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە كۆپ تەرەپلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئافرىقىنىڭ قەرزنى كېمەيتىش - كېچىكتۈرۈش مەسىلىسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەم باشقا ھەمراھلار بىلەن ئافرىقىغا ياردەم بېرىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ.

ئافرىقىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۇزاق يول. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللايدۇ، ئافرىقىنىڭ ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى ۋە كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى قوللايدۇ، ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، رەقەملىك ئىقتىساد، ئاقىل شەھەر، پاكىز ئېنېرگىيە، 5G قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتى ھەمكارلىقنى ئورتاق كېڭەيتىپ، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى قوغداشنى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى قوللاشنى خالايدۇ. بىز يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا، ۋىرۇسنى بەلگىلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرىمىز، ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىدېئولوگىيەدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشقا قارشى تۇرۇپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغدايمىز.

تۆتىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو - ئافرىقا دوستلۇقىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيا يۈز يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. يېڭى پۇرسەت ۋە خىرىس ئالدىدا، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ موھتاج. مەن ھەرقايسى كەسپداشلار بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشىنىشنى پۇختىلاپ، بىر - بىرىمىزنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قوللاپ، جۇڭگو - ئافرىقا ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئورتاق قوغداپ، جۇڭگو - ئافرىقا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى خالايمەن.

ھەرقايسى كەسپداشلار!

بىز جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدا تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو - ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى بىردەك قارار قىلدۇق. بۈگۈن بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى ئېچىشىمىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدا بەرگەن ۋەدىمىزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، شۇنداقلا خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا كۈچ قوشۇش ئۈچۈندۇر. ئىشىنىمەنكى، ئىنسانلار ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، جۇڭگو - ئافرىقا خەلقلىرىمۇ ھامان تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 49 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 17 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى؛ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، بۇ تىزىملىك ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دەي ۋۇجۇننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقى قاتارلىق ۋەزىپىسىدىن سورىغان ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىغا تەيىنلىنامە تارقىتىلدى ھەم ئاساسىي قانۇن ئالدىدا قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۈن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جەرۇللا ھېسامىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 91 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇلىدىغان لايىھە قارار قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ خەلق ساقچىسى سۈن چاۋغا «چېگرانى مۇھاپىزەت قىلغۇچى قاراۋۇل» دەپ نام بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر كېلىدىغان پامىر ئېگىزلىكىدە، سۈن چاۋ ئېگىزلىكتىكى جاپالىق مۇھىتنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، 24 يىل ئۈن - تىنسىز چىڭ تۇردى. ئۇ سەپداشلىرىنى باشلاپ ئېگىزلىكتە كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، تاجىك مىللىتى ئاممىسىغا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسى ئۆگىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى. سابىق جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە قىسمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يۇقىرى سوممىلىق ئارمىيەدىن چېكىنىش خىراجىتى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، چېگرا رايوننى داۋاملىق مۇھاپىزەت قىلىشنى تاللىدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك، بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك، توققۇز قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. 2019 - يىلى «مەملىكەت بويىچە ئارمىيەدىن چېكىنگەن نەمۇنىلىك ھەربىي» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جۈنجېڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە سېپىدىكىلەر باشتىن - ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ۋەتەن چېگراسىنى چىڭ ساقلاپ، قىلچە ئىككىلەنمەي، سادىقلىق بىلەن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يولداش سۈن چاۋ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر كوممۇنىستنىڭ پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، سادىقلىق، پاكلىق، مەسئۇلىيەتچانلىقنى پۈتۈپ چىقتى. بىز ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسىي مېلودىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاكتىپ كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈشنى، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىشنى، شىنجاڭغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالاھىدە ۋەزىيىتىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چېگرا مۇداپىئە سېپىدىكىلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلىرى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى دەل جايىدا يولغا قويۇپ، چېگرا بازىسىنى ياخشى ساقلاپ، چىڭ ساقلاپ، مۇستەھكەم ساقلاپ، مۇقىم ساقلاپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»قا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چېگرا مۇداپىئە سېپىدىكىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشتا بوشاڭلىق قىلماي، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان چىدامچانلىق روھىغا ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە چېگرانى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، خەۋپ - خەتەردىن قەتئىي، كەسكىن مۇداپىئەلىنىپ، بىخەتەرلىككە پۈتۈن زېھنى بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، مۇقىملىقنى دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك قوغداپ، ئىناقلىقنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك چېگرا مۇداپىئە سېپىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىلغارلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، ئىلغارلاردىن بولۇشقا تىرىشىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىشى كېرەك. يولداش سۈن چاۋدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ، يەنە تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ مىڭشەن، دۆلەت كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيەنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق خىزمەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپىنى تولۇق ئاڭلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىقنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ساۋ يۈجىڭ، ما مىڭخۇي، لى فېڭسىن، لىيۇ تاۋ، ۋۇ پىڭ، گۇ جېڭيى، ياڭ يىنىڭ، سۈي يەن، دىلشات ياقۇپ، سۇڭ يۈشيا، لۇ چېندىن ئىبارەت 11 مۇتەخەسسىس يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق سىستېمىسىدىكى كەڭ مۇتەخەسسىسلەر كەسپىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىگە چوڭقۇر قاتنىشىپ، يۇقۇم ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سەھىيە ۋە ساغلاملىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىك، تولۇق دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان سەھىيە - ساغلاملىق خىزمەت فاڭجېنىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك ئىقتىدارى، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسپىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «كېسەلنى داۋالاش»تىن «كېسەلنى ئالدىن بايقاش، ئالدىنى ئېلىش»قا ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاقابىل تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى لايىھە سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، سەھىيە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى كاپالەتلىك ئىقتىدارىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنى بايقاش، مەلۇم قىلىش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ئاۋاز قوشۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئادەتتىكى مەزگىل بىلەن جىددىي مەزگىلنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇزاق مەزگىللىك تەدبىر بىلەن قىسقا مەزگىللىك تەدبىرنى بىرلەشتۈرۈش، مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن قوشۇمچە ۋەزىپىنى بىرلەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە، دەرىجىگە، قاتلامغا، تارماققا ئايرىلغان ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش - داۋالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرەش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى خىزمىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى پەن تەتقىقات تىرىكى سۈپىسى قۇرۇلۇشى، جۇڭيى دورىلىرى بويىچە يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە كەسىپ تەرەققىياتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە خاس ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تېبابىتى دورىگەرلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلىشى، ماس تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سەھىيە - ساغلاملىق ساھەسىگە بولغان پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيەنى قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كۈچى ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى زىچ توقۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، مەخمۇت سېيىت يىغىنغا قاتناشتى.